# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۇيۇشۇش كۈچى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇلدى، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتلىك ئوبرازى تولۇق نامايان قىلىندى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش نورمال تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئالقىشلىدى ھەم ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە ئىشلىتىشنى تېزلىتىش، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پەن ـ تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەربىيەسى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇمغا قارىتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەمكىن تاقابىل تۇرۇپ، بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى كەسكىن قوللىنىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە توسىدى، ئىككى ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ يەرلىكتىكى ھەر كۈنى يېڭىدىن كۆپىيىدىغان ئاغرىق مەسىلىنى بىر خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلىدى، ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىنىڭ ھەل قىلغۇچ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق نەتىجە ئاسان قولغا كەلمىدى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش پەۋقۇلئاددە پەيتىدە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن تەڭ ئويلاپ، بىللە تۇرۇپ، بىللە ئىشلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولدى، بوران ـ چاپقۇندا بىللە بولدى. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرىنچى ۋاقىتتا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كەڭ ئەزالارنى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىپ، ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكى، ئەقلىي كۈچ ئەۋزەللىكى، ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ بولۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھتىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىمنى يۇقۇمنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشقا تەشكىللەپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، چېگرا سىرتىدىن يۇقۇم كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىشنى چۆرىدەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىددىيەۋى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىپ، تەشۋىق ـ تەربىيە ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ ئەزالارنى بەس ـ بەستە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشقا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كۈچ قوشۇشقا چاقىرىق قىلدى. شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپچىلىك سۆزىدە دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قوۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىجابىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەر بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلدۇق، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. بىز خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر دوختۇر، ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنە، ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بايلىقلارنى يۆتكەپ ۋە توپلاپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يۇقۇملۇق كېسەلنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ئاتلاندۇق، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىراجىتىنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئۈستىگە ئېلىپ، ئەڭ زور چەكتە تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش نىسبىتى، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈردۇق، ئەڭ زور چەكتە يۇقۇملىنىش نىسبىتى، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتۇق. بىز خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنى قاتناشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئاما ئالدىنى ئېلىپ، ئاما تىزگىنلەپ، ئەڭ زىچ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىپ، يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى. بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بايلىقلارنى يۆتكەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى تېزلىكتە شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمىنى نامايان قىلدۇق. بىز ئۈنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قوللىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئادەم كۈچى تەشكىللەش جېڭى، ماددىي ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىش جېڭى، پەن ـ تېخنىكىدا جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش جېڭى، بايلىق ھەرىكەتچان جېڭىنى قانات يايدۇردۇق. بىز پەن ـ تېخنىكىغا چىڭ تايىنىپ ئىلگىرىلىدۇق، بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ تولۇق گېن گۇرۇپپىسى تەرتىپى ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان ۋىرۇس زەھەر تۈپىنى جەزملەشتۈرۈپ، كۆپ خىل تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەجرىبە دورىسى مەھسۇلاتلىرىنى ۋاقتىدا چىقىرىپ، بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك دورا ۋە داۋالاش لايىھەلىرىنى تېزلىكتە تاللاپ چىقتۇق، كۆپ تېخنىكىلىق لىنىيە بويىچە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش كلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىغا كىردى. بىز سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇردۇق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزملىق روھنى كەڭ ئەۋج ئالدۇردۇق، زور تۈركۈمدىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلەر مەيدانغا كەلدى، ئىنتىپاقلىشىپ بىر نىيەتتە بولۇش، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى مۇدايىئە سېپىنى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى تولۇق نامايان قىلدۇق، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدۇق. بىز خەلقئارا ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنى قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، بىر مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى گەۋدىلەندۈردۇق.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى ئەمەلىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمى، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى كەمتۈكلۈكلەر ئاشكارىلاندى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلى بىرلەشتۈرۈلگەن ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسى ئورنىتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، چېگرا سىرتىدا يۇقۇمنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك كۆپىيىش ھالىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا، دۆلىتىمىزدە سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى سېجىل زورىيىۋاتىدۇ، دۆلەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى باشتىن ـ ئاخىر مەۋجۇت. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، داۋاملىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش. ئىككىنچى، داۋاملىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن پىلانلاش ۋە قانۇنىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۈچەيتىپ، توغرا ھەم ئېنىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش. ئۈچىنچى، ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىشقا ھەمكارلىشىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، گۇماننى تۈگىتىپ چۈشەنچە بېرىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ياخشى سادا ياڭرىتىپ، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىش.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، سۇن چۇنلەن، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يى، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، خې لىفېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى يۈفېڭ، شيې جىڭرۇڭ، شاۋ فېڭ قاتارلىقلار بار.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ بىر بۆلەك تارىخ مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلاشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى مۈرنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، ئۇلۇغ دوستلۇق ئورنىتىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈشىنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاساسلىق غەلىبە قىلغان دۆلەت ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ـ رۇسىيە دۇنيا تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە نەتىجىلىرى ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللاپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، خەلقئارا جەمئىيەت يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزدا، رۇسىيە تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى تەدرىجىي نامايان بولۇۋاتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ، رۇسىيە تەرەپنى داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىنتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەيدان قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ رۇسىيە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بىز چوقۇم ھەر خىل ۋىرۇسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بۇ مەيدان ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلىق بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى تەبرىكلەيدىغان مۇشۇ تارىخىي پەيتتە، رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى ئورتاق قوغداش ئىرادىسىنى نامايان قىلىشنى خالايدۇ، تارىخنى ئۆزگەرتىۋېتىش، تارىخنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتكە يول قويمايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بەرگەنلىكىگە ۋە داۋالاش مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. رۇسىيە تەرەپ ئايرىم كۈچلەرنىڭ يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى ئەيىبلەشكە قارشى تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن قەتئىي بىللە تۇرىدۇ. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدە ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. مەن سىز بىلەن داۋاملىق قويۇق ئالاقىنى ساقلاشنى ئارزۇ قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جاھاندىكى ھەممە كىشى بىر ئائىلە كىشىلىرى، ئۆزىنى سۆيگەنلەر ئۆزگىنىمۇ سۆيەلەيدۇ؛ قان قېرىنداش ئىكەنلىكىمىزگە، قۇياش بىلەن ئايمۇ گۇۋاھ. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، خۇبېي ئۆلكىلىك جۇڭيى ـ شىيى بىرلەشمە دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى جاڭ جىشيەن بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆزى قوبۇل قىلغان ئۈچ گۇمانلىق ئاغرىق مەسىلىنى مەلۇم قىلدى؛ 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ۋۇخەن شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى «سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى؛ 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋۇخەنگە كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى؛ 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو تەرەپ رەسمىي يوسۇندا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىشقا باشلىدى... ئاغرىق مەسىلىنى بايقىغاندىن تارتىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقىچە، جۇڭگو قوللانغان ھەربىر قەدەم ھەرىكەتنىڭ ھەممىسىنىڭ دەلىل ئاساسى بار، پۈتۈنلەي ئاشكارا. بەزى تاراتقۇلارنىڭ ئوبزورىدا مۇنداق دېيىلدى: ۋۇخەننىڭ 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شەھەرنى قامال قىلىشى» پۈتۈن دۇنيانى چۆچۈتتى، ئەگەر بۇنداق قىزىل رەڭلىك ئالدىن سىگنالمۇ سىزنى ئويغىتالمىسا، بۇ پەقەت سىزنىڭ يالغاندىن ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بېيل گايتىس تاراتقۇلارغا كۆپ قېتىم مۇنداق بىلدۈردى: «جۇڭگو باشلىنىشتىلا ناھايىتى نۇرغۇن توغرا ئىش قىلدى».

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس بىر خىل يېپيېڭى ۋىرۇس بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن «ئەڭ ھىيلىگەر ۋىرۇس» دەپ ئاتالدى، يوشۇرۇنچانلىقى كۈچلۈك بولۇش، يوشۇرۇن مەزگىلى ئۇزاق بولۇش، ئۆزگىرىشچانلىقى كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى تونۇشى ۋە تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشىغا بىر جەريان كېتىدۇ، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان دۆلەت تېخى تولۇق، ئۈنۈملۈك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئىگىلىمىگەن ئەھۋالدا يېنىكلىك بىلەن خاراكتېرىنى بېكىتمەيدۇ ھەم بېكىتمەسلىكى كېرەك. يۇقۇملۇق كېسەلدە بىخەتەر ئارال يوق، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنى يوشۇرۇشى ياكى ئارقىغا سۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يول قويمايدۇ. 1 ـ ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ئىنگلىزچە ئىلمىي ژۇرناللاردا جەمئىي 1100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلقئارا تېببىي ساھەگە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئېپىدېمىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى قالدۇرماي تولۇق ئېلان قىلدى؛ جۇڭگو يەنە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تور بىلىم مەركىزى تەسىس قىلىپ، بارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋەتتى. ھاياتلىق بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ قىممەتلىك نەتىجىلەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ياردەم بەردى. «جۇڭگونىڭ سېخىيلىقى باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى كېرەك»، ھىندونېزىيە دىپلوماتىيە سىياسىتى جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دىنو پاتى ھەققانىي گەپ قىلدى؛ «جۇڭگونىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى، ئۇزۇل ـ كېسىللىكى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى»، ئەنگلىيە «مۇھاپىزەت» گېزىتىمۇ ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇرلىرىنىڭ ئاشكارىلىقى، ئېنىقلىقىنى تەرىپلىدى.

«جۇڭگودا، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنىڭ ھەممىسى تىراگېدىيە بولۇپ، بارلىق ھاياتلىققا ئەڭ يۇقىرى قىممەت بەلگىسى قويۇلغان» دېدى ئامېرىكىلىق بىر ئادۋوكات ھاياجانلانغان ھالدا. 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ۋۇخەن شەھىرى تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىلىرىنىڭ سانى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىلىرى ئىچىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئېلان قىلدى. يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يىغىپ داۋالاش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق، دوختۇرخانىلار نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەش، ئاز ساندىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇچۇر سىستېمىسى بىلەن ۋاقتىدا ئۇدۇللىشالماسلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ئاغرىقلار سىرتقا چىقىپ يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆيىدە تۇرۇپ دوختۇر ئىزدەپ دورا قىلىش سەۋەبىدىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بەزى كېچىكىپ مەلۇم قىلىش، چالا مەلۇم قىلىش، خاتا مەلۇم قىلىش ھەمدە تەكرار ئىستاتىستىكا قىلىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماسلىق مەۋجۇت ئەمەس، قانۇنغا خىلاپ ھالدا يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش شارائىتى ھازىرلانغان ھامان، ۋۇخەن يۇقۇمغا ئائىت سانلىق مەلۇماتلارنى ۋاقتىدا ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئىستاتىستىكا قىلىپ، تۈزىتىپ، تارىخقا، خەلققە، قازا قىلغانلارغا مەسئۇل بولىدىغان ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلدى.

پىتنە ـ ئىغۋا گەرچە بىرمەھەل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرسىمۇ، ھەققانىيەت ھامىنى پۇت تىرەپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلات جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە ئاشكارىلىق دەرىجىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. بەزى تاراتقۇلار ئەيىبلەپ: ۋۇخەندە «شەھەر قامال قىلىنغان» چاغدا، چەت ئەللەردە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىلىرىدىن پەقەت بىرنەچچىسىلا بار ئىدى، سىلەر يۇقۇم يامراپ كەتكەندە قايسى يۈزۈڭلار بىلەن جۇڭگونى ئەيىبلەيسىلەر؟ دەپ سورىدى. كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، كۈچىنىڭ بارىچە ھاقارەتلىشىنىڭ ئۆزىنى پەردازلاپ، باشقىلارغا قارا چاپلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى: باشقا دۆلەتنى ۋە باشقا دۆلەت خەلقىنى ھاقارەتلەش ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر ۋىرۇسنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ، دەپ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇردى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش پۈتكۈل جەريانى ئاشكارا بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان. ھالبۇكى جۇڭگونى «يوشۇردى» دەپ ئەيىبلىگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نېمىنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ھوشيار بولۇش ھەقىقەتەن زۆرۈر.

ئىنسانلار ساق ـ سالامەت چېكىنەلەيدىغان ئىككىنچى يەر شارى يوق، شۇنداقلا بۇ دۇنيادا مۇستەقىل ئۆتكىلى بولىدىغان پاراللېل دۇنيامۇ يوق. جۇڭگو كارخانىلىرى ئىتالىيەگە ئىئانە قىلغان ماددىي ئەشيالارغا قەدىمكى رىمدىكى پەيلاسوپ سېنېكانىڭ «بىز بىر چوڭ دېڭىزدىكى دېڭىز دولقۇنلىرى، بىر تۈپ دەرەختىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى، بىر گۈللۈكتىكى گۈل ـ غۇنچىلار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بېسىلغان. بۇ دەل جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ جانلىق كارتىنىسى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر بىردەك ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، قانۇنىيەتكە بويسۇنۇپ، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئىلگىرىكىدەكلا ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاپ، تەجرىبىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن مۈرنى مۈرىگە تىرەپ قول تۇتۇشۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قوغداشقا تۈرتكە بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**